# شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش جەزمەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئامېرىكا ـ غەرب دۆلەتلىرى گۈللەنگەن، مۇقىم شىنجاڭنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ـ غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئاممىۋى پىكىر ۋە بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان، ئاق ـ قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان بىر قاتار سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ۋە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە ھاقارەتلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە تۆھمەت قىلدى، قارا چاپلىدى. بولۇپمۇ شۇ يەر ۋاقتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى مالىمان قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش سۇيىقەستىگە يەتمەكچى بولدى، بۇ قىپيالىڭاچ زومىگەرلىك بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلدى. بىز بۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەپلىنىمىز، قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

تېررورىزم، ئەسەبىيزىم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى، ھەر مىللەت ئاممىسى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ چوڭقۇر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكىتى يۈز بېرىپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىنىڭ ئۆلۈش ـ يارىلىنىشى ۋە مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ يامراپ كېڭىيىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى، قانۇن بىلىملىرىنى، كەسپىي ماھارەتنى ئۆگىنىش ھەمدە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرىنى تەسىس قىلىپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزىم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىشى ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ۋە چېگرا سىرتىدىكى تاراتقۇلار، دىنىي تەشكىلاتلار بولۇپ 70 نەچچە تۈركۈمدىكى ئۆمەك ـ گۇرۇپپا، 91 دۆلەت ۋە رايونغا ئائىت 1000دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇپ، بەس ـ بەستە شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ تەرىپلەشتى، زىيارەت مەزگىلىدە، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنىڭ ئامېرىكا ـ غەرب دۆلەتلىرى تەشۋىق قىلغان سەلبىي مەزمۇنلار بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قوش ئۆلچەمنىڭ ياۋۇزلۇقى، يولسىزلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلوسى، ئامانلىق دېلوسى، ئامانلىققا خەۋپ يەتكۈزۈش دېلوسى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەسى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچىسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى؛ دىنىي ئەسەبىيزىم ئۈنۈملۈك يوقىتىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىغان، جىنايەت ئۆتكۈزۈش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ياردەمگە، تەربىيەگە ئېرىشىپ، تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى تونۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ روھىي كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۆزىنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىسى ۋە قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن ساقلىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىدە، ھۆكۈمەت ئوزۇقلۇقى مول يېمەك ـ ئىچمەك ۋە شارائىتى ياخشى ياتاق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ نورمال ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ھوقۇقلىرى تولۇق ھۆرمەت قىلىنىپ ۋە قوغدىلىپ، ئۆگىنىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈلدى ۋە قاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار جاي، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن، قائىدە ـ مۇراسىم، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە دەۋر تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، كونا قائىدە ـ يوسۇن، ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش تەشەببۇس قىلىندى. نۆۋەتتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە بويىچە تەربىيەلەنگۈچى تەربىيەنى تاماملىدى، ئۇلار ئۆگەنگەن بىلىمى، ماھارىتىگە تايىنىپ ئىش ئورنىغا ئېرىشىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن، كارخانا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيەسىدىكى تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايگۈلنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، ئۆگەنگەن تىككۈچىلىك تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، سېخنىڭ ئىسمىنا باشلىقى بولۇپ، ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، پۈتۈن ئائىلىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان. ئىگىلىنىشىچە، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللار تولىمۇ كۆپ بولۇپ، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى دېھقاندىن ئىشچىغا، شەھەرلىككە ئايلىنىپتۇ، كۈنلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىدىكەن، ناھايىتى رازى ئىكەن. مارالبېشى ناھىيەسىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇرسۇن توختىنىڭ ئوغلى ئەسەبىي ئىدىيەدىن يۇقۇملانغاچقا، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەنگەن، ئۇ ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئۆيدە ھەرقانچە باشقۇرۇپمۇ باشقۇرالمايتتىم، ھازىر تەلىم ـ تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىدا خەت يازالايدىغان بولدى، بىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ ھال سورايدىغان بولدى، يەنە جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى! ھۆكۈمەت ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇپ قالدى!» نۇرغۇن كىشى شۇنى ھەققىي، بىۋاسىتە ھېس قىلدىكى، شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئاسان قولغا كەلمىگەن، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بولمىسا بۈگۈنكى تىنچ، مۇقىم كۈنلەر بولمايتتى.

ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتى ئىشقا ئاشتى. مۇقىملىقنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنما ئومۇمىي سوممىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 49 پىرسەنت پوئېنت ئاشتى. بولۇپمۇ شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە «شىددەتلىك» ئېشىش كۆرۈلدى، بۇلتۇر كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بۇ يىل 10 ـ ئايغا قەدەر، يەنە 200 مىليون ئادەم قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.6% ئاشتى. شىنجاڭ جىنچياۋ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى رىزۋانگۈل روزى مۇنداق دېدى: «ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس سالدى، ساياھەتچىلەر بەس ـ بەستە، ھازىرقى شىنجاڭ ئامانلىق ئەھۋالى ئەڭ ياخشى رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ، شىنجاڭ ياخشى جاي ئىكەن! دەپ ماختاشتى.» يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بىر تۈركۈم كارخانىلار شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈردى، شىنجاڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى چوڭ يولىغا ۋە مۇھىم دەرۋازىسىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىخەتەر، مۇقىم مۇھىت يەنە مۇقىم ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئۇچۇر ئېقىمىنى ئېلىپ كەلدى، مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا چوڭ بازار قاتارلىق چوڭ تىپتىكى سودا مەركەزلىرىنىڭ سودىسى قىزىپ كەتتى، بىرەر دۇكانغا ئېرىشىش تەس بولۇپ قالدى. جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى ۋىزىسىز چېگرادىن كىرىش، چېگرا ھالقىپ ساياھەت قىلىش، باجدىن خالىي مال سېتىۋېلىش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەرگە تايىنىپ، تاۋار كۆرگەزمىسى، يېمەك ـ ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، سودا ئەسلىھەلىرى، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار 5000دىن ئارتۇق سودىگەرنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى، چېگرادىن كىرىدىغان ـ چىقىدىغانلار 5 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق يەسلى مائارىپى، 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشتى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش بارلىق شىنجاڭلىق كىشىلەرنى قاپلىدى، بۇ يىل 12 ئېغىر نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى، 976 نامرات كەنت چېكىنىپ چىقتى، 606 مىڭ 100 نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ قاتارلىق ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق، بەزى ئائىلىلەر ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورناتتى، پىكاپ ھەيدىدى، بەزىلىرى يەنە كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىلىدىغان پاكىز ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىدىغان بولدى، ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ئىشلار بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلاندى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غۇلجا شەھىرى ئالتە شۇئار كوچىسىنى قوغداش خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى 20 نەچچە ئۆزگىچە پۇقراۋى قونالغۇ، ئۆزگىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى دۇكىنى قاتارلىقلارنى ئېچىشقا يېتەكلەپ، 600دىن كۆپرەك ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بۇ كوچىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىكى بىر گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسىگە ئايلاندۇردى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسىدىكى كەنت ئاھالىسى زۇلخۇمار ھەمدۇللا كەنتتە «گۈزەللەشتۈرۈش ئۆيى» ئاچتى، ئۇ مۇنداق دېدى: ئالدىنقى يىللاردا كەنتتىكى ئاياللار دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە، ئاساسەن دېگۈدەك سىرتقا چىقمايتتى، گىرىم قىلىپ ياسىنىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، ھازىر مودا كىيىنىپلا قالماي، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى، تەبەسسۇممۇ كۆپىيىپ، تۇرمۇشى ئىللىقلىققا تولۇپ، بارغانسېرى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلىنىۋاتىدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتى روشەن ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىرىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدىغان تەدبىر بولماستىن، بەلكى تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قانۇن بويىچە قوللانغان مۇھىم تەدبىر، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەدە ئازاد بولۇشى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى ۋە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تەدبىر، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەشەببۇسى ھەم ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، بۇ تەدبىرلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورلۇققا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە رايون خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقنى كۈچلۈك قوغداپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى پايدىلىق ئىزدىنىش بىلەن تەمىنلەپ، مۇھىم تۆھپە قوشتى. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، بۈگۈنكىدەك گۈللەنگەن، مۇقىم شىنجاڭ بارلىق يامان غەرەز بىلەن قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىش، بوھتان چاپلاشقا بېرىلگەن ئەڭ قەتئىي، ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە!

ئامېرىكا ـ غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئاممىۋى پىكىر ۋە بەزى سىياسەتۋازلار يۇقىرىقى پاكىتلارغا كۆز يۇمۇپ قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپلا قالماي، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا خالىغانچە ئارىلىشىپ، قارىسىغا باھا بەردى، مەقسىتى ئەسلا قانداقتۇر «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «دېموكراتىيە» ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى «شىنجاڭ كوزىرى» ئارقىلىق جۇڭگونىڭ گۈللىنىشىگە، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتۇر، ئۇلارنىڭ رەزىل غەرىزى تامامەن ئاشكارىلاندى. شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى نوقۇل جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. خەلق سىياسىي كېڭىشى دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان بارلىق خاتا ئۇسۇلنى دەرھال توختىتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ. ھەرقانداق كۈچ، ھەرقانداق ئادەم جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە قەتئىي نىيىتىنى سەل چاغلىمىسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ. بارلىق رەزىل قىلمىشلار جۇڭگو خەلقىنىڭ تېخىمۇ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، خالاس.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت تۈپ مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. بۇ خىل زەھەرخەندە بەتبەشىرە قىلمىش جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى، بىز كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز، قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

بۈگۈنكى شىنجاڭ زادى قانداق، «ئىنتايىن ياخشى»مۇ ياكى «ئىنتايىن ناچار»مۇ؟ بۇ ھەقتە سۆز قىلىشقا شىنجاڭلىقلار ئەڭ ھوقۇقلۇق! تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ زېمىندا، بىرقانچە يىلدىن بۇيان بولغان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنى ھەربىر شىنجاڭلىق بەش قولدەك بىلىدۇ. بىز پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى: بۈگۈنكى شىنجاڭ بارغانسېرى بىخەتەر بولۇۋاتىدۇ، بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتىدۇ، بارغانسېرى ھاياتىي كۈچكە تولۇۋاتىدۇ؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشمۇ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتىدۇ، كۆپچىلىك ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈۋاتىدۇ. تىنچ، ئىناق جەمئىيەت كەيپىياتىدا شىنجاڭلىقلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، چىرايىدا تەبەسسۇم بارغانسېرى كۆپىيىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىش جۇشقۇنلۇقى ۋە روھى تېخىمۇ ئۇرغۇۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى بۇ بارلىق ئۆزگىرىشلەر ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، شۇنداقلا بۇلارنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بەزى غەرب دۆلەتلىرى بىزگە بېرەلمەيدۇ، بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلق جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن. بۇ بىرقانچە يىلدا، شىنجاڭ دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاش، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق، تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزىم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ياكى جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە تۈگىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزىمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاشقا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ جەمئىيىتى ئىناق، مۇقىم، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلغان، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقان بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئىلگىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقاندۇق، ھاياتىمىز ۋە مال ـ مۈلكىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانىدى. شۇڭا، بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرىغا ھەسسىلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، بۈگۈنكى بەخت، خاتىرجەملىكنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيمىز. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارا چاپلىشى، روشەنكى، كۆڭلىدە يامانلىق ساقلاپ، شىنجاڭنى قايتىدىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن مالىمان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قويۇق تۇمان ئىچىدە ياشايدىغان قىلىش ئۈچۈندۇر، بۇنداق ئېقىمغا قارشى ئىش تۇتۇش كىشىلەر ئىرادىسىگە خىلاپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولۇپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

«ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋا شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىك پاكىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىگە دەخلى قىلالمايدۇ.» بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق قەلب سادالىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلايدۇ.

بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمىزكى: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھامان تارىخنىڭ كۆلكە دەستىكىگە ئايلىنىدۇ.